# كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە زاپاس كۈچ يېتەرلىك بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە رايون ئىقتىسادى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

### كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش

نامراتلارنى يۆلەشتە ئۇزاققىچە يۆلەش كېرەك، ئۇزاققىچە يۆلەش كەسىپكە باغلىق. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە، شۇنداقلا نامرات رايونلارنىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئاممىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىشتىكى كەلگۈسى پىلان.

ئىلگىرى، ئېشەك گۇما ناھىيەسىدىكى دېھقانلارغا ئەڭ تونۇش بولغان ئۆي ھايۋىنى ھېسابلىناتتى، بۈگۈنكى كۈندە، ئېشەكچىلىك كەسپى گۇما ناھىيەسىدىكى ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىدىكى يېڭى كەسىپكە ئايلاندى.

«مېنىڭ ئائىلىق كىرىمىم ئائىلەمدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ ئىلگىرىكى كىرىمىدىنمۇ كۆپ.» گۇما ناھىيەسىنىڭ كىلىياڭ يېزىسى يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سالامەت تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئېشەكچىلىك كەسپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى بىلەن، مەن ئېشەك بېقىپ كۆپەيتىش مەركىزىنىڭ باقمىچىسىغا ئايلاندىم، ھەر ئايدىكى 3000 يۈەنگە يېقىن مائاش مېنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بەردى.

سالامەت ھەر كۈنى كۆڭۈل قويۇپ شۇغۇللىنىۋاتقان ئېشەكچىلىك كەسپى تېز يېتىلىۋاتقان كەسىپ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇما ناھىيەسى باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكە بولۇشىغا تايىنىپ، ئېشەكچىلىك كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، ئېشەك سۈتىنى قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇردى. مۆلچەر بويىچە ھېسابلىغاندا، سۈت چىقىرىش مەزگىلىدىكى ئېشەكتىن ھەر كۈنى ئىككى كىلوگرام سۈت چىقىدىغان بولۇپ، قىممىتى 60 يۈەن ئىكەن، دېھقان ئائىلىلىرى ئۆزى ئېشەك بېقىپ ئېشەك سۈتىنى ساتسىمۇ، ئېشەكنى كارخانىنىڭ ھاۋاللىك باشقۇرۇشىغا بەرسىمۇ بولىدىكەن، ھاۋاللىك باشقۇرۇلىدىغان ھەربىر ئېشەك ئۈچۈن يىلىغا 5000 يۈەندىن 6000 يۈەنگىچە پايدا تەقسىم قىلىنىدىكەن.

ياخشى ئۈنۈم ۋە مۇكەممەل كەسىپ ئەندىزىسى گۇما ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئېشەك بېقىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. نۆۋەتتە، گۇما ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان 18 مىڭدىن ئارتۇق ئامما ئېشەك باقمىچىلىقىغا قاتناشتى، ئېشەكچىلىك كەسپى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىدىكى ئاساسلىق كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

رايون خاس كەسىپنى يېتىلدۈرۈش پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىدىكى كۈچلۈك تۇتقا بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، 1 ـ كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، 2 ـ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خاس كەسىپلەرنى يۈكسەلدۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويدى، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئەمگەك كۈچى جۇغلانغان كارخانىلارنى كىرگۈزۈشتىن يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە... خاس كەسىپلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئىلگىرىكى بىرلا خىل تەرەققىيات يولىنى بۇزۇپ تاشلاپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ تەڭ يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تۈرتكە ئىگە قىلدى.

### زىچ باغلاش ئارقىلىق نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش

«قىزىلگۈل ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈمى بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتىدۇ!» دېدى كېرىيە ناھىيەسى ئارال يېزىسى غادراڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سىپرەمخان مەتتوختى خۇشال ھالدا، 2020 ـ يىلى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بەش مو يەردە قىزىلگۈل ئۆستۈرۈپ، 15 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەمچىلىك قىلىپ، قىزىلگۈل ئۈزۈپ يەنە كىرىم قىلدى. قىزىلگۈل كەسپى پۈتۈن ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىدىكى تايانچقا ئايلاندى.

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئەزەلدىن قۇملۇق قىزىلگۈلى ئۆستۈرۈش تارىخى بار. مۇشۇ يىللاردا، كېرىيە ناھىيەسى قىزىلگۈل كەسپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم كەسىپ قىلىپ، ئەنئەنىۋى كىچىك ھەم تارقاق قىزىلگۈل كەسپىنىڭ تېپىنى تەدرىجىي ھالدا «كارخانا+ بازا+ ھەمكارلىق كوپېراتىپى+ دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شەكلى يۆنىلىشىگە ئۆزگەرتىپ، كەسىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان باشلامچى كەسىپكە ئايلاندۇردى.

«ئىلگىرى تېخنىكا بىلمىگەچكە، قىزىلگۈل ئۆستۈرۈشتە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەنىدىم، ھازىر ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئائىلەمىز ئۆستۈرگەن قىزىلگۈلنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى بۇلتۇرقىدىن 50 كىلوگرامغا يېقىن ئاشتى.» سىپرەمخان مۇنداق دېدى: ھەمكارلىق كوپېراتىپى قىزىلگۈل مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈردى ھەم تېخنىكا ئەترىتى قۇرۇپ، ئېتىز باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىگە ئىلمىي پەرۋىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، باشلامچى كارخانىلارمۇ تۈرتكىلىك رولىنى ئۈزلۈكسىز نامايان قىلدى. «نۆۋەتتە، كارخانا 10 مىڭ مو قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش بازىسى قۇرۇپ، قىزىلگۈلنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش، ئوبوروت قىلىش قاتارلىق ھالقىلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.» شىنجاڭ كېرىيە گۈيمى بىيو پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئادىل ئابدۇرازاق مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە كارخانىمىزنىڭ مەھسۇلات تۈرى 70 تىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىۋاتىدۇ.

كارخانىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى بارلىققا كەلتۈردى. «2020 ـ يىلى 3000 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلە قىزىلگۈل ئۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتى.» ئادىل مۇنداق دېدى: 2012 ـ يىلى كارخانا قۇرۇلغاندىن بۇيان، شۇ جاي ۋە ئەتراپتىكى پەسىل خاراكتېرلىك ۋاقىتلىق ئىشچىدىن جەمئىي 200 مىڭ ئادەم قېتىمنى ئىشلىتىپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كىرىم يارىتىپ بەردى.

خاس كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى مۇقىم ئۆستى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يولى ماڭغانسېرى كېڭەيدى. بۈگۈنكى كۈندە، كارخانا بىلەن دېھقانلارنىڭ زىچ مەنپەئەت باغلىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنىڭ ھەرقايسى جايلارنىڭ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى روشەن نامايان بولدى، بۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ۋە قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى، شۇنداقلا كەسىپلەرنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

### سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچنى قويۇپ بېرىش

«بىز باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىدىكى تۈۋرۈك كەسىپلەرنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىمىز.» باي ناھىيەسىنىڭ چوڭكۆۋرۈك يېزىسى كونا ئۆتەڭ كەنتى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەنۋەر نۇر مۇنداق دېدى: مۇشۇ يىللاردا كەنتتە باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، ئىلمىي ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىش ئارقىلىق، ياڭاقنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، ياڭاق پۇچەك بولۇش، مېغىزى قارا بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنىدى، ياڭاقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 40%كە يېقىن ئاشتى.

مۇشۇ يىللاردا، كونا ئۆتەڭ كەنتىنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش ئەندىزىسىدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولدى، ئۆستۈرۈش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئورنىنى ئورگانىك ئوغۇت ئالدى، ياڭاق سورتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈم بارغانسېرى ياخشى بولدى.

پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكلىشىدە، كونا ئۆتەڭ كەنتى بىر يەرلىك تېخنىك خادىملار ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇلار شۇ كەنتتىكى ياڭاق ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىنى ئۇزاق مۇددەت تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ياڭاقچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى.

«ئىلمىي ئوغۇتلاش، ئىلمىي پەرۋىش قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلار ياڭاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىپ، ياڭاقچىلىق كەسپىدە تەننەرخنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.» ئەنۋەر مۇنداق دېدى: 2020 ـ يىلى، كونا ئۆتەڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 30%ى ياڭاقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىدىن كەلدى، باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى يەنىمۇ قويۇپ بېرىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەريانىدا مۇھىم رولنى بارغانسېرى جارى قىلدۇردى. باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىنىڭ پايدىسىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى باغۋەنلەرنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىقتىن قىلغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6000 يۈەندىن ئېشىپ، سۈپەت، ھوسۇل، پەن ـ تېخنىكا، كىرىمدىن ئىبارەت «تۆتنى ئۆستۈرۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلاردىكى كەسىپلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، سېتىش تورىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى كەسىپ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلاردا خاس كەسىپلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تۈرتكىگە ئايلاندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى پىكىر قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تولۇقلاپ سايلاش توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلىدۇ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلىدۇ.

---

ئاپتونوم رايوننىڭ ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئوقۇش باشلاش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىلدى

# ئوقۇش باشلاشنىڭ بىخەتەر، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئانار بولۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئوقۇش باشلاش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىلىپ، ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئوقۇش باشلاشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۈن خۇڭمېي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر يۇقۇمنىڭ داۋاملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تەشكىللەشنى ھازىرقى مائارىپ سىستېمىسىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش قىلىپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قىش، ئەتىياز پەسىلدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تېخنىكا لايىھەسىگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئورۇنلاشتۇرما تەلىپى بويىچە، ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئوقۇش باشلاشنىڭ بىخەتەر، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈشتە، مەكتەپتە «يۇقۇملانغانلار بولماسلىق» نىشانىدا، مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنى مەكتەپكىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئادەمگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشلارغىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەكتەپكە قايتىش لايىھەسىنى ئىلمىي تۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە قايتىشقا مۇۋاپىق، تەرتىپلىك تەشكىللەش كېرەك. كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى، دەللىكى، ئىلمىيلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەكتەپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇداپىئە سېپىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى ئوقۇتۇش ۋە دەرس پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈش، تەرتىپلىك يولغا قويۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەت ئېڭى، بازا ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

---

# بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى 20.5% ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كارخانىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيەگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ تېز يولغا قويۇلۇشىنى قوللاپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى پائال يېتىلدۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. 2020 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە جابدۇق كەسپى زور ھەجىمدە ئېشىپ، پولى كىرىستاللىق كرېمنىي مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلىدى. توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش جابدۇقلىرى، يېڭى ئېنېرگىيە جابدۇقلىرى، يۇقىرى ساپلىقتىكى ئاليۇمىن ماتېرىياللىرى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق پاختا يىغىش ماشىنىسى قاتارلىق كەسىپ ـ تېخنىكا ۋە كۆلەم جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. سەۋىيەسى بىرقەدەر يۇقىرى بىر تۈركۈم تۈرلەرنى، جۈملىدىن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئۆزەكنى پېچەتلەپ ئۆلچەش، پولى فورمالدېھىد، بىيو رادىكاللىق يېڭى ماتېرىيال، PET ئالاھىدە يوپۇق قاتارلىق تۈرلەرنى پۈتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى، كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئالماشتۇرۇشتا پائال تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر داۋاملىق ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىشنى ساقلاپ، ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون سانائىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 15 پىرسەنت پوئىنتقا يېقىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى پەن ـ تېخنىكا سۈپەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى چېن جيې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېتەكلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ كۆلىمىنى سىجىل زورايتىدۇ. يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت قوغداش، بىيو تېببىي دورىگەرلىكى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ باشلامچى كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، كەسىپلەرنىڭ ئىككىلەمچى كەسىپلەرگە ئۇزارتىلىشىنى تېزلىتىپ، بىر تۈركۈم چوڭ كارخانىلارنىڭ شىنجاڭغا ماكانلىشىشىنى يۆلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر ئۈچۈن يېڭى ئېشىش نۇقتىسى يېتىلدۈرىدۇ.